# ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى



«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى 2007 -يىلى

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔民间大话集：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. －乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
ISBN 978－7－228－10855－8

Ⅰ.维… Ⅱ.维…Ⅲ.维吾尔族 －笑话 －作品集－中国 －维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006255号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

维吾尔民间大话集（维吾尔文）
《维吾尔民间文学大典》编委会编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编： 830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.125印张
2007年1月第1版 2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

ISBN 978－7－228－10855－8　定价：3.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 2.125
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 5000 ـــ 1
ISBN 978-7-228-10855-8
باھاسى: 3.50 يۈەن

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر 55 كىتابچە نەشردىن چىقتى

| | | |
|---|---|---|
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چىن تۆمۈر باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئالتۇن كوكۇللىق بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەنجى باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كىيىك خانىش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | مەرۋان بىلەن تەرسا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ياغاچ ئات | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۇر، توقماق | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چۆچۈرە بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سىرلىق چىراغ | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شاھزادە بىلەن ئالۋاستى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | باتۇر قىز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتانىنىڭ تىجارىتى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | بىلمەس تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | تەلۋە كۇيئوغۇل | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتاننى ئالدىغان تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئادەمىي شەيتان | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | خىزىر نىياز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سېھىرلىك ئالما | (4.50 يۈەن) |

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — ئۆسكەك پادىشاھ (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — قاينا، چۆگۈن (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — ئەقىللىق كەنجى قىز (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — ھەركىم قىلسا ئۆزىگە (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — يالتايغاق بوۋاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — ئۈجمە سايىسى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — ئەپچىلەم (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — ئارغىماق ماجىراسى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — ئىككى بايىنى ئەپلىگەن مالاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — ئۆرگىلىۋاي بىلەن چۆرگىلىۋاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — يەتتە لىڭگىلتاق بىلەن بىر شىڭگىلتاق (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — شىتىلە بىلەن پىتىلە (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — مازاقخور مازاقتا ئۆلەر (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى ئۆزارتىشى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — ئىشەكنى ئۆرۈپ خوتۇننى قورقۇتۇش (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — موللام ئوغرىنى قانداق تاپتى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — قازان تۇۋى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — شاھ بىلەن شاتۇتى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى — 1، 2، 3، 4، 5 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى (ھېسام چاقچاقلىرى) — 1، 2 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى — 1، 2 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى — 1، 2، 3 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى — 1، 2 (ھەر بىرى 3.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى (3.50 يۈەن)

(بۇ بىر يۈرۈش 55 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 244.50 يۈەن)




پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# مۇندەرىجە


كېرەم لاپچى بىلەن ئاسىم لاپچى ........................ 1
گۇمپا ........................................ 3
تەڭنە ۋە ھاڭگا تېرەك ........................................ 7
ئورما ........................................ 9
ئەقىللىق كالا ........................................ 12
ئاسمانغا چىقىش ........................................ 15
يوغان ئېغىز ........................................ 17
ئىسسىق ۋە سوغۇق ........................................ 18
پوچى ئالۋاستى ........................................ 19
ئوخشىغان ئاپتاپپەرەس ........................................ 22
لاپچىنى جايلىغان باپچى ........................................ 25
گىلەمگە ياماق سېلىش ........................................ 27
خورازنىڭ كارامىتى ........................................ 29
كۆك ئات ........................................ 32
تورپاقتەك خوراز ........................................ 35
بەشئاتارنىڭ ئوقى ........................................ 36

ئۆيدىن چىقماي ئوۋ قىلىش ........................ 37
زەمبىرەك ئوقىنى تۇتۇۋېلىپ......................... 38
باتۇرلۇق ................................................ 41
بەسلىشىش ............................................. 43
بىر مىشكاپ ئوق ................................... 46
نەيگە قونغان بۇلبۇل ................................ 48
نوچىلىق .................................................. 50
ئايروپىلاندا ............................................. 54
تېز سۇرئەتلىك پىكاپ ............................. 59
ئۆستەڭدە ماي ئاقتى ............................... 62





پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# كېرەم لاپچى بىلەن ئاسىم لاپچى

بىر كۈنى كېرەم لاپچى بىلەن ئاسىم لاپچى كوچىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— بىزنىڭ كەنجى ئوغلىمىز قەمىردىن شۇنداق باتۇر بالا بولدىكى، — دەپ گەپ باشلاپتۇ ئاسىم لاپچى، — تۈنۈگۈن ئۇن تارتىپ كەل دەپ تۈگمەنگە ئەۋەتكەنىدىم. تۈگمەنچى نۆۋەت كۈتىسەن، ئەتە يا ئۆگۈن كەل، دەپ چىشىغا تېگىپتۇ. سەككىز ياشلىق بالا ئاچچىقىغا هاي بېرەلمەي، ئىتتىك چۆرگىلەۋاتقان تۈگمەننىڭ ئۈستۈنكى تېشىنى بىر قولى بىلەن بېسىپ توختىتىۋاپتۇ. چوڭ بولغاندا قانداق كۈچتۈڭگۈر بولۇپ كېتەركىنتاڭ!

— باتۇر دەپ ئەمدىلا ئىككىنچى سىنىپنى تۈگەتكەن بىزنىڭ ئوغلىمىز سادىقجاننى دېسە بولىدۇ، — دەپتۇ كېرەم لاپچى، — ئاپىسى ئۇنى ئۇن تارتىپ كەل دەپ هەر كۈنى تۈگمەنگە ئەۋەتىدۇ. هەر كۈنى يىراقتىكى تۈگمەنگە قاتناۋېرىپ زېرىكسە كېرەك، بالا ئاخشام يوقلىپ كەتتى.

نەگە كەتتىكىن دېسەك، قاسىم ياۋاشنىڭ تۈگمىنىنى ئۆي - پۆي، نو - پو، تاش - پاشلىرى بىلەن قوشۇپ كۆتۈرۈپ، ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ئورنىتىۋاپتۇ. ھازىر شۇ تۈگمەندە ئۇن تارتىۋاتىمىز.





此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# گۇمبا

كەچ كۇزنىڭ سۇتتەك ئايدىڭ ئاخشىمىدا بىر توپ با-
لىلار تونۇر بېشىدا چۆچەك ئېيتىشىپ ئولتۇرۇپتىكەن،
بىر چاغدا شۇ مەھەللىدىكى ساتتار پوچى كېلىپ قاپتۇ.
بالىلار ئۇنىڭغا چۆچەك ئېيتىپ بېرىڭ، دەپتىكەن، ئۇ:

— مەن سىلەرگە چۆچەك ئەمەس، ياشلىقىمدا بې-
شىمدىن ئۆتكەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، — دەپتۇ.

— ماقۇل، ماقۇل ! — دەپتۇ بالىلار چۇرقىرىشىپ.

— مېنىڭ يېڭىلا ئۆيلەنگەن چاغلىرىم ئىدى، — دەپ
گەپ باشلاپتۇ ساتتار پوچى، — بىزنىڭ ناھايىتى شاش
بىر تورپىقىمىز بولىدىغان، ئۇ ئادەتتە بەش - ئالتە ئادەم-
گە بوي بەرمەيدىغان، كىم يېنىغا كەلسە، مۈڭگۈزى بىلەن
ئېلىپ سەككىز - ئون چامدام نېرىغا چۆرۈۋېتىدىغان،
خوتۇن كىشىگە بەك ئۆچ بولۇپ، قىزىل كۆڭلەك كىيگەن
ئاياللارنى كۆرسىلا قوغلاپ سۈر - توقاي قىلىۋېتىدىغان.
بىر كۈنى مەن ئۇ تورپاقنى سۇغارغىلى ئاچىقتىم، دەريا
بويىدا بىر قىزىل كۆڭلەكلىك چوكان سۇ ئېلىپ ئولتۇر-

غانىكەن، «ئاپلا !» دەپ تۇرۇشۇمغا، تورپاق ھېلىقى چوكان-
نى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ھۆركىرىگىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ
ئېتىلدى. بويىنىدىن باغلىغان ئارغامچىنى كۈچەپ تارتتىم،
تورپاقمۇ بوي بەرمىدى، مەنمۇ بوش كەلمىدىم. ئاقىۋەت
ئارغامچا پاسسىدە ئۈزۈلدى. ئىش چاتاق، دېگەن خىيال
كاللامدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتى. بىرەر ئامالىنى قىل-
مىسام، تورپاق ھېلىقى قىزىل كۆڭلەكلىك چوكاننى ئۈ-
سۈپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشى، ھېچبولمىغاندىمۇ ناكار قىلىپ
قويۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇ شىجائەت، كۈچ دېگەن قەيەردىن
كەلدىكىن، مەنمۇ يولۋاستەك ئېتىلدىم ـ دە، تورپاقنىڭ
ئىككى مۈڭگۈزىدىن تۇتۇۋالدىم. تورپاق ھېچ بوي بېرىدى-
غاندەك ئەمەس. ئاڭغىچە تورپاق ھېلىقى قىزىل كۆڭلەكلىك
چوكاننىڭ يېنىغىلا كېلىپ قالدى. مەن: «قېچىڭ !» دېيد-
شىمگە، ھېلىقى چوكان ئارقىغا بۇرۇلۇپلا: «ۋايجان !» دەپ
چىرقىرىۋەتتى. تورپاق تېخىمۇ غەزەپكە كەلدى. خەۋپ
قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىلا قالغانىدى. مەن: «ياپىر !»
دېگىنىمچە، تورپاقنىڭ مۈڭگۈزىدىن كۈچەپ شۇنداق بىر
قايرىۋىدىم، تورپاق خۇددى قاپاق تېرەك يىقىلغاندەك گۈپ-
پىدە يىقىلدى، ھەتتا تاشتەك قاتتىق يەرگە بىر غېرىچچە
پېتىپ كەتتى.

— ۋاي ـ ۋۇي، باياتىنلا ئۇ تورپاق بەش ـ ئالتە ئادەمگە بوي بەرمەيتتى دېگەنىدىڭىزغۇ؟ — دەپتۇ بىر بالا.

— سەن نېمىنى ئۇقاتتىڭ، بۇ دېگەن قانچىلىك ئىش-

تى؟ ئۇ چاغلاردا مەن بىرەر توپ سوۋادانىمۇ بىرلا پەشۋا بىلەن سوندورۇۋېتىدىغان كوچتوڭگور ئىدىم، — دەپتۇ ساتتار پوچى.

— ئۇنداقتا شاۋلىن گومپىسىنى ئۆگەنگەنىكەنسىز - دە؟ — دەپتۇ يەنە ھېلىقى بالا.



— شاۋلىن گۇمپىسى دېگەن نېمە ئۇ؟ — دەپتۇ سات-
تار پوچى، — ئۇلارخۇددى خوتۇن كىشىدەك كىچىككىنە
كالتەكنى كۆتۈرۈۋېلىپ قۇرۇق ھەيۋە قىلىدۇ. كىنو دېگى-
نىڭچۇ، ھەممىسى يالغان. مېنىڭ ئۆگەنگىنىم «كەتمەن
گۇمپىسى». مەن دېگەن ئۇ چاغدا توققۇز - ئون جىڭلىق
كەتمەننى ئەتىگەندىن ئاخشامغىچە چېپىپ ھارمايدىغان،
كەتمەننى ھەربىر چاپسام، كەتمەن قاتتىق سېغىز يەرگە
قۇلىقىغىچە پاتاتتى، بىر كەتمەندە ئالغان توپىغا بىر تاغار
توشاتتى، ئۇنى بەردەم ئىككى يىگىت ئىشەككە ئاران ئار-
تاتتى !

— ساتتار ئاكا، ئەمىسە بىزگە بىر گۇمپا كۆرسىتىپ
بەرمەمسىز؟ — دەپتۇ باللاردىن بىرى.

— قانداق گۇمپا كۆرسىتەي؟

— ياش چېغىڭىزدا بىر پەشۋا بىلەن ھەر يوغان
سۇۋادانىنى سۇندۇرۇۋېتەلەيدىكەنسىز، مانا ئەمدى ياشىنىپ
قالدىڭىز، ياشلىقىڭىزدىكى كۈچىڭىزنىڭ ئوندىن بىرى
بولسىمۇ باردۇر، مانا مۇشۇ مېنىڭ پاچىقىمدەك كېلىدىغان
كۆچەتنى بىر پەشۋا بىلەن سۇندۇرۇپ بېقىڭە، — دەپتۇ
ھېلىقى بالا ياندىكى كۆچەتنى كۆرسىتىپ.

— ياق ! — دەپتۇ ساتتار پوچى، — سەن مېنى جى-
نايەت ئۆتكۈز دېمەكچىمۇ؟ ھازىر «ئورمان قانۇنى» بار،
كۆچەتنى سۇندۇرۇش جىنايەت !

باللار تەڭلا كۇلۇشۇپ كېتىپتۇ.

# تەڭنە ۋە هاڭگا تېرەك

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، باشقا - باشقا يۇرتتىن كەلگەن ئىككى يولۇچى مەلۇم شەھەرگە كەلگەندە بىر سارايغا چۈشۈپتۇ، كەچلىك تاماقتىن كېيىن ياتاقتا چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىدىكى ئاجايىپ ئىشلار ھەققىدە ماختىنىپتۇ.

— بىزنىڭ يۇرتتا شۇنداق بىر چوڭ تەڭنە بار، — دەپتۇ بىرىنچى يولۇچى، — ئۇنىڭ چوڭلۇقى خۇددى يوغان بىر كۆلدەك كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا سۇ توشقۇزسا، بىرەر - ئىككى يۈز بالا بىمالال سۇ ئۈزۈپ ئوينىيالايدۇ.

— بۇ ھېچقانچە گەپ ئەمەس ئىكەن، — دەپتۇ يەنە بىر يولۇچى، — بىزنىڭ يۇرتتا ئاجايىپ چوڭ بىر تۈپ هاڭگا تېرەك بار، ئۇنىڭغا نەچچە يۈز ئادەمنىڭ غۇلچى يەتمەيدۇ. بۇ هاڭگا تېرەك شۇنداق ئۆسكەنكى، ئۇچى ئاسمانغا تاقىشىپ قالغان. ئەمدىلىكتە يۇقىرىغا قاراپ ئۆسەلمىگەچكە، قايرىلىپ تۆۋەنگە قاراپ ئۆسۈۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇچى يەرگە تاقىشىپ قالسا قانداق قىلاركىن؟

— نەدىمۇ مۇنچىۋالا يوغان ھاڭگا تېرەك بولسۇن؟! — دەپتۇ بىرىنچى يولۇچى.

— ھەي بۇرادەر، — دەپتۇ ئىككىنچى يولۇچى، — ئەگەر مۇشۇنداق يوغان ھەم ئېگىز ئۆسكەن ھاڭگا تېرەك بولمىسا، سەن دېگەن ھېلىقىدەك يوغان تەڭنىنى قانداقمۇ ياسىغىلى بولىدۇ؟



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com